# 4631 - سلە رەھم توغرىسىدا

## سوئال

سلە رەھىم دېگەن نېمە؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئىسلام ئۇرۇغ-تۇغقانچىلىقنى ئۇلاشنىڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈش، ئۆزئارا ھەمكارلىششنى داۋاملاشتۇرۇش، ئىجتىمائى ئالاقىنى روياپقا چىقىرىشتا زور تەسىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ئىسلام دىنى بۇنىڭغا چاقىردى، ئۇرۇغ-تۇغقانچىلىقنى ئۇلاش زۆرۈر بولۇپ، بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاتَّقُوا اللَّهَ الَّذِي تَسَاءَلُونَ بِهِ وَالْأَرْحَامَ﴾ تەرجىمىسى: « بىر-بىرىڭلاردىن نەرسە سورىغاندا نامى بىلەن سورايدىغان ئاللاھتىن قورقۇڭلار، سىلە-رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار» [سۈرە نىسا 1-ئايەت].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَآتِ ذَا الْقُرْبَى حَقَّهُ وَالْمِسْكِينَ﴾ تەرجىمىسى: «تۇغقانغا، مىسكىنگە، ئىبن-سەبىلگە(خەيرى-ساخاۋەتتىن)ھەققىنى بەرگىن» [سۈرە ئىسرا 26-ئايەت].

ئاللاھ تائالا ئۇرۇغ-تۇغقانچىلىقنى ئۈزۈشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ يَنقُضُونَ عَهْدَ اللَّهِ مِن بَعْدِ مِيثَاقِهِ وَيَقْطَعُونَ مَا أَمَرَ اللَّهُ بِهِ أَن يُوصَلَ وَيُفْسِدُونَ فِي الْأَرْضِ ۙ أُولَٰئِكَ لَهُمُ اللَّعْنَةُ وَلَهُمْ سُوءُ الدَّارِ﴾ تەرجىمىسى: «ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىسىنى مۇستەھكەملىگەندىن كېيىن بۇزغانلار، ئاللاھنىڭ سىلە-رەھىم قىلىشتىن ئىبارەت ئەمرىنى تۇتمىغانلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار-ئەنە شۇلار لەنەتكە دۇچار بولىدۇ ۋە (ئۇلارنىڭ) ئاخىرەتلىكى يامان بولىدۇ» [سۈرە رەئد 25-ئايەت].

قايسى جازا ئۇرۇغ-تۇغقانچىلىقنى ئۈزگەن كىشىلەرنى كۈتۈۋاتقان لەنەت ۋە يامان ئاقىۋەتتىن زىيادە بولىدۇ، ئۇلار دۇنيادا ئۆزلىرىنى ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشى ۋە رىزقىنىڭ كەڭرى بولۇشىدىن ئىبارەت نۇرغۇن ياخشىلىقلاردىن مەھرۇم قىلىش بىلەن بىرگە ئاخىرەتتىمۇ ئۇرۇغ-تۇغقانچىلىقنى ئۇلىغانىنىڭ ئەجىر-ساۋابىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشى ۋە رىزقىنىڭ كەڭرى بولۇشىدىن سۆيۈنىدىغان كىشى ئۇرۇغ-تۇغقانچىلىقنى ئۇلىسۇن» [بۇخارى رىۋايىتى 5986-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 2557-ھەدىس].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا بارلىق مەخلۇقاتلارنى يارىتىپ بولغاندا سىلە-رەھىم تۇرۇپ: بۇ سىلە-رەھىمنى ئۈزگۈچىلەردىن سەن بىلەن پاناھلىنىدىغان ئورۇن دېگەن ئىدى، ئاللاھ تائالا: «شۇنداق، سېنى ئۇلىغانلارنى ئۇلىسام ۋە سېنى ئۈزگەنلەرنى ئۈزسەم رازى بولمامسەن؟»دېدى، سىلە-رەھىم: شۇنداق رازى بولىمەن دېدى، ئاللاھ تائالا: «ئاشۇ سەن ئۈچۈن»دېدى. ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر خالىساڭلار بۇ ئايەتنى ئوقۇڭلار دېدى: ﴿فَهَلْ عَسَيْتُمْ إِن تَوَلَّيْتُمْ أَن تُفْسِدُوا فِي الْأَرْضِ وَتُقَطِّعُوا أَرْحَامَكُمْ. أُولَٰئِكَ الَّذِينَ لَعَنَهُمُ اللَّهُ فَأَصَمَّهُمْ وَأَعْمَىٰ أَبْصَارَهُمْ﴾ تەرجىمىسى: «سىلەر (ئىسلام) دىن يۈز ئۆرۈسەڭلار زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلارسىلەرمۇ ۋە سىلە . رەھىمنى ئۈزۈپ قويارسىلەرمۇ؟، ئەنە شۇنداق كىشىلەرنى ئاللاھ رەھمىتىدىن يىراق قىلدى، ئۇلارنى(ھەقنى ئاڭلاشتىن)گاس قىلدى،(ھىدايەت يولىنى كۆرۈشتىن)كور قىلدى» [سۈرە مۇھەممەد 22-23-ئايەت].

نەۋەۋىينىڭ شەرھىسى"سەھىھ مۇسلىم" 16-توم 112-بەت.

سىلە-رەھىمنى بىلدۇق، سىلە -رەھىمنى ئۇلىغۇچى كىم؟، بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆۋەندىكى سۆزى بىلەن ئوچۇقلاشتۇرۇپ بەردى: «قارشى تەرەپ سىلە-رەھىمنى ئۇلىسا ئۇلىغان كىشى سىلە -رەھىمنى ئۇلىغۇچى ئەمەس، بەلكى قارشى تەرەپ سىلە-رەھىمنى ئۈزسىمۇ ئۇلىغان كىشى سىلە-رەھىمنى ئۇلىغۇچىدۇر». [بۇخارى رىۋايىتى 5645-ھەدىس].

ئەگەر ئارىدىكى ئالاقە ياخشىلىققا ياخشىلىق قىلىش، مۇكاپاتلاش بولسا، دەسلەپتە ۋە تەشەببۇسكارلىق بىلەن بولمىسا، بۇ سىلە-رەھىم ئالاقىسى بولمايدۇ، بەلكى ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتۇرۇش بولىدۇ، بەزى كىشىلەرنىڭ مۇنداق پىرىنسىپى بار: سوغات بەرسە سوغات بېرىش، سوغات بەرمىگەن كىشىگە بىر نەرسە بەرمەسلىك، زىيارەت قىلغان-يوقلىغاننى زىيارەت قىلىش-يوقلاش، زىيارەت قىلمىغان-يوقلىمىغاننى زىيارەت قىلماسلىق-يوقلىماسلىق تاشلىۋېتىش، بۇ ھەرگىزمۇ سىلە-رەھىم بولمايدۇ، ھېكمەتلىك بولغان ئاللاھ تەلەپ قىلغان سىلە-رەھىم ئەمەس، بۇ پەقەت قىلغانغا قىلىش، بۇ ئىسلام شەرىئىتى يۇقىرى پەللىسگە يېتىشكە بۇيرىغان سىلە-رەھىم ئەمەس، بىر كىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا: مېنىڭ ئۇرۇغ-تۇغقانلىرىم بولۇپ، مەن ئۇرۇغ-تۇغقانچىلىقنى يەتكۈزسەم ئۇلا ئۈزىۋېتىدۇ، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلسام ماڭا ناچارلىق قىلىدۇ، كەڭ قورساق بولسام ماڭا تەنتەكلىك قىلىدۇ دېگەندە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئىش سەن ئېيتقاندەك بولسا، سەن ئۇلارنىڭ ئېغىزىغا قىززىق قۇم تىقىپسەن» دېدى. [مۇسلىم رىۋايىتى. "نەۋەۋىينىڭ شەرھىسى" 16-توم 115-بەت].

ئاللاھ تائالا ھەممەيلەننى سىلە-رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىسۇن.